## 12675 ـ رامىزاندا روزا تۇتۇپ ناماز ئوقۇپ رامىزاندىن كېيىن ناماز ئوقۇمايدۇ

### سۇئال

سوئال: بىر كىشى رامىزاندا روزا تۇتۇپ ناماز ئوقۇشقا بەك ھېرىسمەن، لېكىن رامىزاندىن كېيىن ناماز ئوقۇمايدۇ، بۇ كىشىنىڭ رامىزاندا تۇتقان روزىسىنىڭ ھۆكمى نېمە، بۇ توغرىدا چۈشەنچە بېرىلگەن بولسا؟.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئاللاھقا خاستۇر
ناماز ئىسلامنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىنىڭ بىرى، بولۇپمۇ ئاللاھنى بىر، پەيغەمبىرىمىزنى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ شاھادەت (گۇۋاھلىق) بەرگەندىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم ئاساس، كىمكى نامازنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە ئىنكار قىلىدىكەن ئۇ ئادەم كاپىر ھېسابلىنىدۇ، كۆزگە ئىلماستىن سەل قاراپ ھورۇنلۇق قىلىپ ئوقۇمايدىكەن ئۇ ئادەم ئاللاھقا ئەڭ چوڭ گۇناھ ئىشلىگەن بولىدۇ. ئەمما رامىزاندا روزا تۇتۇپ ناماز ئوقۇپ رامىزاندىن كېيىن ناماز ئوقۇمىغانلىق دېگەن ئاللاھنى ئالداشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئەكسىچە ئۇ ئىنسان ئۆزىنى ئالدىغان بولىدۇ. ئاللاھنى پەقەت رامىزاندىلا تونۇغان كىشىلەر نېمىدېگەن ئەسكى ھە ! ئۇلارنىڭ رامىزاندىن كېيىن ناماز ئوقۇماسلىقى بىلەن رامىزاندا تۇتقان روزىسى توغرا بولمايدۇ، بەلكى ئۇلار بۇنىڭ سەۋەبىدىن ئەڭ خەتەرلىك ئىش قىلغان ھېسابلىنىدۇ، بەزى ئالىملارنىڭ قاراشلىرىدا نامازنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمىسىمۇ كافىر ھېسابلىنىدۇ دېيىلگەن، ئۇلار سۆزلىرىنى تۆۋەندىكى ھەدىسلەر بىلەن دەلىللەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: بىز بىلەن مۇناپىقلار ئارىسىدىكى ئەھدە(ئۇلارغا تەگمەسلىكنىڭ ئاملى) نامازدۇر، قانداق بىر ئادەم نامازنى تەرك ئەتسە كافىر بولىدۇ. ئىمام ئەھمەد(22428)، تىرمىزىي(2621)، نەسائىي(431)، ئىبنى ماجە(1079) قاتارلىقلار بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توغرا ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلغان.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: ئىشنىڭ بېشى ئىسلام، تۈۋرۈكى ناماز، ئەڭ يۇقىرى چوققىسى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش. ئىمام تىرمىزىي(2616)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: مۇسۇلمان بىلەن مۇشرىك، كافىر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نامازنى تەرك ئېتىش ياكى ئادا قىلىش ئارقىلىق ئېپادىلىنىدۇ. ئىمام مۇسلىم (82) دېگەن سۆزلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ بۇ مەزمۇندا سۆزلەنگەن ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر.
ئاللاھ ھەممە ياخشىلىققا مۇۋاپىق قىلغۇچىدۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلەرگە ئاللاھدىن رەھمەت ـ مەغپىرەت تىلەيمىز. ئىلمى تەتقىقات ۋە پەتىۋا ئىشلىرى ھەيئەتلىرى مەجمۇئەسى 10-توم 140-بەت . تۈگىدى.
(ئىنسان بىر ئاي زامزاندا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق روھانىيىتىنى كۈچلەندۈرىدۇ، رامىزاندا قاچىلانغان مەنىۋى

ئېنېرگىيىنىڭ كۆپىدىن كېلەر يىلى رامىزانغىچە پايدىلىنىش ئاقىل مۇسۇلمان ئۈچۈن يېتەرلىك نېمەت بولسا كېرەك، چۈنكى ئىنسان رامىزاندىن ئىبارەت بۇ بىر ئايلىق كۇرسنى كۆندىلىك ھاياتىغا ئۈرنەك قىلىپ، رامىزاندا تونىغان ياراتقۇچىنى باشقا ۋاقىتتىمۇ ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى لازىم. رامىزاندىن كېيىن ياخشى ئەمەللەرنى داۋاملاشتۇرۇشى، ئىماندا چېكىنمەستىن ئالغا ئىلگىرىلىشى، روزا ۋە نامازلىرىنىڭ قوبۇل بولغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بولۇپ، ئەكسىچە رامىزاندىلا ناماز ئادا قىلىپ باشقا ۋاقىتلاردا ئاللاھنى تونۇماسلىق بولسا ئۇ ئىنساننىڭ ئىبادەتلىرىدە ناتوغرىلىقلارنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ مۇنداق ئېھتىماللىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ كىشى جەمئىيەتتىن ياكى ئەتراپىدىكى ياكى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بېسىمى بىلەن روزا تۇتىدۇ ۋە ناماز ئوقۇيدۇ. بۇنداقلا تەبىئى ھالدا رامىزاندىن كېيىن ئىبادەتتىن يىراق بولىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ نېمىتىدىن پايدىلانمايدۇ. بۇلارنىڭ ھالىغا ۋاي...چۈنكى ئۇلار ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلماستىن، باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشىدىن قورقۇپ ئىبادەت قىلىدۇ، بۇنداق قىلىش ئىنساننى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشكە ئېلىپ بارىدىغان بولۇپ بەزى ئۆلىمالارنىڭ بۇنداق كىشىلەرگە كاپىر دەپ ھۆكۈم چىقارغانلىقىدىكى سەۋەپ بۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى ئاللاھ ئىنساننىڭ ئىبادىتىگە ئېھتىياجلىق ئەمەس، ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇشى، ئىنسانلارنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن مەنپەئەتلىكدۇر. ئاللاھ ئىنسانلارغا نېمە دېگەن مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك ھە !

روزا تۇتۇش ئارقىلىق كۈچلاندۇرۇلغان مەنۋىيىتىمىزنى رامزاندىن كېيىن سۇسلاشتۇرماستىن داۋاملىق ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق ھاياتىمىزنى ئىمان نۇرى بىلەن بېزەشكە تىرىشىشىمىز بولسا ئىسلام دىنىنىڭ بىز مۇسۇلمانلاردىن كۈتكەن تەقەززاسى ۋە روزىنىڭ پەرز قىلىنىشىدىكى ھېكمەتلەرنىڭ بىرىدۇر.-مۇھەررىر-)